# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65－0002/－W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57  تىيانشان تورى: www.ts.cn

2021 ـ يىل 1 ـ ئاي
24
يەكشەنبە
维吾尔文 1 月24日
25316 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ


# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بۇ يىل «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان بىرىنچى يىل، بارلىق خىزمەتلەر ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، ئۆتكەن بىر يىلدا پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى ۋەزىپىلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلدى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئوقۇش يېتەكچىسى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيەلىك كادىرلار مۇنداق بىلدۈردى ——

**سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز**

3 ـ بەتتە

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغۋاتقان قارغا قارىماي ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نانچىلىق مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسى «سانائەت + ساياھەت + مەدەنىيەت» ئىدىيەسى بىلەن زامانىۋىلاشقان زاۋۇت بەرپا قىلدى. چېن چۈەنگو باغچە رايونىنىڭ مەسئۇلى ۋە ھەر مىللەت سودىگەرلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، سۈپا قۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش، مەھسۇلات سېتىش، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نانچىلىق كەسىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، كەسىپ كۆلىمىنى زورايتىپ، كەسىپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، كىچىككىنە ناننى چوڭ كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شىمگۇ رايونىنىڭ چىداۋان تەۋەلىك رايونى خۇيجەن مەھەللىسىدە چېن چۈەنگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق خىزمەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: خەلقنى كۆزلەش ئىشىدا كىچىك ئىش يوق، نۇرغۇن خىزمەتلەر ئاساسىي قاتلامدا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيەنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىنچىكە، كىچىك ھالقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان، ئەڭ غەم قىلىۋاتقان، ئەڭ ئارزۇ قىلىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو شىنجاڭ يىندولەن ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى پاي چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو شىمگۇ رايونىنىڭ چىداۋان تەۋەلىك رايونى خۇيجەن مەھەللىسىگە كېلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق خىزمەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

□ ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

## چېن چۈەنگو تەستىقىي يوليورۇق بەردى

ۋاڭ جۈنجېڭ سۆز قىلدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە مەركەز سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 2021 ـ يىللىق سىياسىي قانۇن خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو تەستىقىي يوليورۇق بەردى، ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2021 ـ يىلى «14 ـ بەش يىل» باشلىنىدىغان يىل، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەز سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىك ئومۇمىي تەلىپىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىستېما قارىشى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، ئاساسنى كۈچەيتىش يۆنىلىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىشنى ياخشى باشلايلى  قەدەمنى ياخشى ئالايلى

ئالاتاۋ پورتىدا:

# چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى سانى بىر يىلدا 40 مىليوندىن ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، خاڭجۇۋدىن كەلگەن 50 مىڭدىن ئارتۇق چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئېكسپورت مەھسۇلاتى ئالاتاۋ ۋوگزالىدا جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ چېگرادىن چىقىرىلدى. ئالاتاۋ پورتىدا چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا بىر يىل بولدى، پوسۇلكا سانى 40 مىليوندىن ئاشتى.

بۇلتۇردىن بۇيان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى خەلقئارا ئەسىيا ئوبوروتى تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيا ترانسپورتىنى راۋانلاشتۇرۇشنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئەشيا ئوبوروت يولى بىلەن تەمىنلەپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىدە ئالدىن تاللىنىدىغان توشۇش شەكلىگە ئايلاندى. ئالاتاۋ پورتى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنى توشۇشتىكى تۆگۈن تېپىدىكى تايىنىش نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، پوسۇلكا سانىدا شىددەت بىلەن ئېشىش كۆرۈلۈپ، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە سانى 110 مىڭدىن ئېشىپ، ئومۇمىي مىقدارى 40 مىليون 751 مىڭ 800گە يەتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مەنىۋى كۈچنى مۇجەسسەملەش

—— 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ يەنفاڭ

ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە 2020 ـ يىلى، جەزمەن تارىخنىڭ ئۇزۇن ئېقىنىدا ئالاھىدە ئىز قالدۇرىدۇ.

بۇ بىر يىلدا، مىسلىسىز خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش داۋامىدا دولقۇن يېرىپ ئېلىشىپ، قالتىس «جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش جاۋاب قەغىزى»نى پۈتتى.

بۇ بىر يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقلارغا تاقابىل تۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش داۋامىدا يېڭى كەيپىياتنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

**ئىدىيە بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش**
**پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇش**

بايراق يۆنىلىشنى كۆرسىتىدۇ، بايراق كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيە بايرىقى، مەنىۋى روھى.

بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى ئىدىيە بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش جەھەتتە قاتتىق كۈچەپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش ئىدىيەۋى ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

# پولاتتەك ئىرادە، پولاتتەك ئىنتىزام، پولاتتەك تەدبىر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىدىكى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت خۇلاسىلىنىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوتنى تورلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

# كۈچنى بىرىكتۈرۈپ سىستېما قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، نازارەتچىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جيېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوتنى تورلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خامچوتنى تورلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خامچوتنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)